# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 6 ـ ئاي
24
چارشەنبە
维吾尔文 6 月24日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25102 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


بېيدوۋ 3 ـ نومۇرلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تور تەشكىللەش سۈنئىي ھەمراھىنى «قايتا قوزغىتىپ» قويۇپ بېرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

## دۆلىتىمىز بېيدوۋ يەر شارىۋى سىستېمىسى يۇلتۇز تۈركۈمى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىچاڭ، 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لى گولى، جاڭ مىمى، خۇ جې) ئاسمان شاھمات تاختىسى، يۇلتۇز ئۇرۇق، جۇڭگو بېيدوۋسى ئالەم بوشلۇقنى يورۇتتى. تېخنىكا سەۋەبىدىن بىر ھەپتە كېچىكىپ قويۇپ بېرىلگەن بېيدوۋ 3 ـ نومۇرلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەر شارىۋى تور تەشكىللەش سۈنئىي ھەمراھى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىچاڭ سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزىدە «قايتا قوزغىتىپ» قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئالەم بوشلۇقىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاشتى، دۆلىتىمىز بېيدوۋ يەر شارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى يۇلتۇز تۈركۈمى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى مۇددەتتىن يېرىم يىل بۇرۇن ئومۇميۈزلۈك تاماملىدى.

جۇڭگو سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۈنئىي ھەمراھ بىر قاتار ئوربىتا سىناقى ئارقىلىق تورغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، دۆلىتىمىز بېيدوۋ پۈتۈن سىستېمىسىنى بىرلەشمە تەڭشەپ، بىرلەشمە سىناق قىلىپ، مۇۋاپىق پەيتتە پۈتۈن يەر شارىدىكى ئابونتچىلارنى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ زەھەر چەكلەش خىزمىتىگە مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# زەھەر چەكلەش فاڭجېنىنى قاتتىق يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، زەھەر چەكلەش خەلق ئۇرۇشىنى ياخشى قىلىپ زەھەر چەكلەش خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۆھپە بولۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى خەلقئارا زەھەر چەكلەش كۈنى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، مەملىكەت بويىچە زەھەر چەكلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى قىزغىن تەبرىكلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى زەھەر چەكلەش سېپىدىكى يولداشلاردىن سەممىمىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، چېگرا ئىچى ۋە چېگرا سىرتىدىكى زەھەر مەسىلىسى، ئەنئەنىۋى ۋە يېڭى تىپتىكى زەھەر خەۋپى، تور ۋە تور سىرتىدىكى زەھەر جىنايىتى ئۆزئارا گىرەلىشىپ، ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ئېغىر خەۋپ ئېلىپ كەلدى، زەھەر چەكلەش خىزمىتىنى جەزمەن ئىلگىرىكىدەكلا، قەتئىي، ئۈزۈل ـ كېسىل چوڭقۇر داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتكە، مىللەتكە، خەلققە، تارىخقا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن، زەھەر چەكلەش فاڭجېنىنى قاتتىق يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، زەھەر چەكلەش خەلق ئۇرۇشىنى ياخشى قىلىپ، زەھەر تېزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زەھەر چەكلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زەھەر چەكلەش خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۆھپە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

## تارىخي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تارىخىي قانۇنىيەتنى ئېگىلەپ، تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن يېزىش كېرەك

چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگۇيى خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو كوللېكتىپ ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بىلەن مۇزاكىرە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ ئەستايىدىل ئۆگەندى. يىغىندا چېن چۈەنگو، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يازما پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئىككى كۈن ئۆگىنىش ئارقىلىق، كۆپچىلىك شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى سىجىل ئىزدىنىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن، پارتىيەمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ جەمئىيەت ئىنقىلابى ئېلىپ بارغان 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمەلىيەت جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن، يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى 180 يىللىق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى چوڭقۇر خۇلاسىلەش جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىگە 5000 يىلدىن ئارتۇق ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن، پارتىيە ۋە خەلق مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، تۈرلۈك بەدەللەرنى تۆلەپ قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك نەتىجە. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، 21 ـ ئەسىردىكى ماركسىزم، پارتىيەمىزنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇش، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش، يېڭى سەھىپە يېزىشتىكى سىياسىي خىتابنامىسى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى، پارتىيە جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە. بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

## رومانتىك گۈچۈڭ كېچە بولماس شەھەرگە ئايلاندى

كىرزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ـ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز ⑤

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ شياڭ

«كېلىڭلار، گۈچۈڭنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىنى تېتىپ بېقىڭلار!» «ئەمدىلا قازاندىن چىققان قوي گۆشى ياپمىسىدىن بىر كىشىلىك كەلتۈرەيمۇ؟» 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، رەڭلىك چىراغلار ئەمدىلا يېقىلىشى بىلەن، گۈچۈڭ قەدىمىي شەھەر سودا كوچىسىدا سېتىقچىلارنىڭ توۋلىغان ئاۋازلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جۇڭگو · گۈچۈڭ 8 ـ نۆۋەتلىك ساياھەت ـ مەدەنىيەت ـ مەززىلىك تائاملار بايرىمى بۇ جايدا باشلانغاندىن بۇيان، ئاۋات مەنزىرە ھەر كۈنى نامايان بولدى.

ئادەم بويى ئېگىزلىكىدىكى «ساڭزا مۇنارى» ئالتۇندەك پارقىراپ، سايپىرىق تاۋا نېنىنىڭ خۇش ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى... ساياھەت ـ مەدەنىيەت ـ مەززىلىك تائاملار بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى پائالىيىتى نەق مەيدانىدا، گۈچۈڭنىڭ ئالتە يۇرۇش چوڭ تەخسىلىك ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملىرى كۆزگە تاشلىنىپ، ساياھەتچىلەرنى بەس ـ بەستە كېلىپ سۈرەتكە تارتىپ خاتىرە قالدۇرۇشقا جەلپ قىلدى. «ماڭا بىر كىشىلىك ساڭزا بېرىڭ!» ئۈرۈمچىلىك ساياھەتچى شېن جيۈپىڭ سۈرەتكە تارتىپ بولۇپلا، يېڭى ساڭزىنى تېتىپ بېقىشقا ئالدىراپ كەتتى. بىر چىشلىۋېدى ئاغزىدا غۇژژىدە ئېرىپ، گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمەي، توختىماي باش بارمىقىنى چىقاردى.

ئۆز دۇكىنىنىڭ ساڭزىسىنىڭ بۇنچىلىك ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ، يوۋسۇ لەنشياڭ ساڭزا دۇكىنىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ رۈيجۈەننىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلمايلا قالدى. «بۇ ‹ساڭزا مۇنارى›غا 15 خالتا ئۇن ئىشلەتتۇق، تۆت ئادەم 12 كۈندە ئاران سېلىپ بولدى، گەرچە جەريان ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، بىراق ساياھەتچىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلىگەنلىكىدىن ئەرزىيدۇ دەپ قارايمىز!» ئۇ مۇنداق دېدى: «يېپۇرماقسمان قۇيماق،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



گۈزەل سۇلۇق يەر

بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ ئېگىز تۆبە يېزىسى قىزىل يار كەنتى تېرەكتال چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا، شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش ئەسلىھەسى بىلەن ئات تويى، سۇلۇق يەر بىر گۈزەل يۈگمە رەسىمنى شەكىللەندۈردى (6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تارتىلغان). □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

## ئاپتونوم رايونىمىز ھەم بىگتۈەندىن ئۈچ كوللېكتىپ، ئۈچ شەخس دۆلەت زەھەر چەكلەش كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق زەھەر چەكلەش كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىن دۆلەت زەھەر چەكلەش كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە لەۋھە تاختىسى ۋە گۇۋاھنامە تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، زەھەر چەكلەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دۆلەت زەھەر چەكلەش كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، 2015 ـ يىلدىن بۇيان زەھەر چەكلەش سېپىدە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زەھەر چەكلەش خىزمىتىدىكى 100 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 100 ئىلغار شەخسنى داغدۇغىلىق تەقدىرلىدى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شازادەنىڭ تۇرمۇشى بەخت لەززىتىگە تولدى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز سۈي يۈنيەن، لى شىڭ

26 ياشلىق شازادە تۇرسۇننىڭ ھازىرقى تۇرمۇشى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك. ئۇ ئۈنددار دوستلار چەمبىرىكىدە ئۈنددار سودىسى قىلىدۇ، شۇڭا تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرىدىغانغا كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالايدۇ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بىكار بولۇپ قالسا گۈل، كۆكتات تېرىيدۇ، كىتاب كۆرىدۇ، كېزىت كۆرىدۇ. ئۇ يېقىندىن ئائىلە قۇرغان بولۇپ، ئائىلىسى يىلدا يۈزنەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدۇ.

«ئۆيلىسامىلا قورققۇم كېلىدۇ، ئەگەر داۋاملىق ئەسەبىي ئۇنسۇرلارغا ئەگىشىپ مېڭىۋەرگەن بولسام، بۇ بەختلەرگە ئېرىشىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دېدى شازادە.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

«شىنجاڭ مائارىپىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش 2035» ۋە «شىنجاڭ مائارىپىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى (2018 ـ يىلدىن 2022 ـ يىلغىچە)» چىقىرىلدى

## 2035 ـ يىلى مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شىيا. نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىنىشىچە، يېقىندا «شىنجاڭ مائارىپىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش 2035» ۋە «شىنجاڭ مائارىپىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى (2018 ـ يىلدىن 2022 ـ يىلغىچە)» چىقىرىلغان، ئىككى ھۆججەتتە كەلگۈسى بىلەن ھازىرنى بىرلەشتۈرۈلگەن، ھەرقايسىسىنىڭ ئىش تەقسىماتى ۋە مۇھىم تەرىپى بار بولۇپ، شىنجاڭنىڭ 2035 ـ يىلى مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يۇقىرى قاتلام لايىھەسى ۋە ھەرىكەت لايىھەسىنى ئورتاق شەكىللەندۈرگەن.

ھۆججەتتە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2022 ـ يىلغا بارغاندا، شىنجاڭ ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، مائارىپتىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىپ، مائارىپنىڭ ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ، مائارىپ ئىسلاھات ـ تەرەققىيات نەتىجىلىرى ھەر مىللەت ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزىدۇ. 2035 ـ يىلغا بارغاندا مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئومۇمىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئېھتىياج ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىنىدۇ.

ھۆججەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساس مائارىپى، كەسپىي مائارىپى، ئالىي مائارىپى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىسى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، يەسلى مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، تەكشى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇش؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئالىي كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)